# مېنى سېنىڭ تۆگەڭنى ئېلىۋالدى، دەپ قارامسەن؟ ما تۆگەڭنى ۋە پۇلۇڭنىمۇ ئالغىن! بۇ سېنىڭكى بولسۇن

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: ئۇ بىر تۆگىگە مىنىپ مېڭىۋاتاتتى، تۆگە ھېرىپ قالدى، شۇڭا ئۇنىڭغا مىنمەي قويۇپ بېرىشنى ئويلىدى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا يېتىشىپ كەلدى ۋە ماڭا دۇئا قىلىپ ئۇ تۆگىنى بىر ئۇرۇپ قويۇۋىدى، ئۇ ھېچقاچان مېڭىپ باقمىغان تېزلىكتە مېڭىپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبىرىمىز: ئۇنى ماڭا بىر ئۇقىيەگە ساتقىن! دېدى، مەن: ياق، دېدىم. ئاندىن پەيغەمبىرىمىز: ئۇنى ماڭا ساتقىن! دېدى، مەن ئۇنى بىر ئۇقىيەگە ساتتىم، ئەمما مەن ئائىلەمگە قايتىۋالغۇچە بۇ تۆگىگە مىنىشنى شەرت قىلدىم. مەدىنىگە يېتىپ بارغاندا، تۆگىنى ئېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلدىم، ماڭا تۆگىنىڭ پۇلىنى نەخ بەردى. ئاندىن مەن قايتتىم. پەيغەمبىرىمىز ئارقامدىن ئادەم ئەۋەتىپ مېنى چاقىرتىپ ئېيتتىكى: مېنى سېنىڭ تۆگەڭنى ئېلىۋالدى، دەپ قارامسەن؟ ما تۆگەڭنى ۋە پۇلۇڭنىمۇ ئالغىن! بۇ سېنىڭكى بولسۇن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر غازاتتا بىللە ئىدى، جابىر مىنگەن تۆگە ئۇرۇقلىقىدىن ئەسكەرلەر بىلەن بىرگە مېڭىشتىن ھېرىپ قالدى، ھەتتا ئۇنىڭ پايدىسى قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قويۇۋېتىشنى ئويلىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرىگە ۋە ئۈممىتىگە بولغان مېھرى - شەپقىتىدىن ئەسكەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، ماغدۇرى قالمىغان ئاجىزلار ۋە ئۇرۇق - تۈلۈكىدىن ئۈزۈلۈپ قالغانلارنىڭ بېشىنى سىلايتتى. جابىر ئاشۇ ئۇرۇق - كۈچىدىن قالغان تۆگىسىگە مىنىپ كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشتى ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ بىرنى ئۇرۇپ قويۇۋىدى، ئۇنىڭ قىممەتلىك ۋە رەھمەتلىك ئۇرۇپ قويۇشى ئاشۇ جانسىز تۆگىگە كۈچ - قۇۋۋەت بولدى، شۇڭا بىلەن ئۇ ھېچقاچان مېڭىپ باقمىغان تېزلىكتە مېڭىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەخلاقى ۋە مېھرىبانلىقىدىن، جابىرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ قويۇش ۋە ئۇنىڭغا بۇ سەپەرنى يەكۈنلىتىدىغانغا گەپلىشىپ مېڭىشنى ئويلاپ، ئۇنى ماڭا بىر ئۇقىيەگە ساتقىن! دېدى. جابىر ئاللاھنىڭ پەزلى كەرەمىدىن تاما قىلدى، بۇ ئىشنىڭ ئىنائەت قىلىش ۋاجىپ بولىدىغان ئىشلار قاتارىغا كىرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەتتا ئۇنى ساتمىسا ئۇنىڭ دىنى كاملاپ قالمايدىغانلىقىنى بىلدى، چۈنكى بۇ بۇيرۇق كەسكىن ئەمەستى. شۇنداقتىمۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قايتا سورىدى، ئاندىن ئۇ تۆگىنى رەسۇلۇللاھقا بىر ئۇقىيەگە ساتتى، ئەمما ئۇنى مەدىنىدىكى ئائىلىسىگە قايتىۋالغۇچە مىنىۋېلىشنى شەرت قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا تۆگىنى ئېلىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۇلنى بەردى. ئۇ قايتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنى قايتا چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتتى، ئۇ قايتىپ كېلىۋىدى، پەيغەمبىرىمىز ئېيتتىكى: مېنى سېنىڭ تۆگەڭنى ئىلىۋېلىشقا تاما قىلىپ سودا قىلدى، دەپ ئويلامسەن؟ ما تۆگەڭنى ۋە پۇلۇڭنى ئالغىن! بۇ سېنىڭكى بولسۇن دېدى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىللىكى، ئالاھىدە ئەخلاقى ۋە مېھرىبانلىقى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقىمۇ كۆپلىگەن ئېسىل پەزىلەتلىرى مەۋجۇتتۇر